# ئۇلار ماڭا ياكى مەندىن خالىغانچە سوراش ياكى مېنى بېخىللىقتا چىقىرىشتىن بىرنى تاللاتقۇزدى، مەن بېخىل ئەمەسمەن

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مال تەقسىم قىلغان ئىدى، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ بۇ ماللارغا بۇلاردىن باشقا كىشىلەر ھەقلىق ئىدى، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ئۇلار ماڭا ياكى مەندىن خالىغانچە سوراش ياكى مېنى بېخىللىقتا چىقىرىشتىن بىرنى تاللاتقۇزدى، مەن بېخىل ئەمەسمەن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم غەنىمەتتىن كەلگەن بىر قىسىم ماللارنى مەلۇم كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ يەنە مەلۇم كىشىلەرنى ئايرىپ قويۇپ قويغان ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى رەسۇلۇللاھ غەنىمەت تەقسىم قىلىنغان بۇ كىشىلەردىن ئاۋۇ تەقسىم قىلىنمىغانلار بەك ھەقلىق ئىدى، دېدى. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۆمەرگە ئۇلارنىڭ ئىمانى ئاجىز بولغانلىقتىن مەندىن چىڭ تۇرۇپ سورىدى، ئۇلارنىڭ شۇ ھالىتى بىلەن خالىغانچە سوراش ياكى مېنى بېخىل دەپ تۆھمەت قىلىشلا قىستىدى. شۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىغان ۋە غەمخورلۇق قىلغان جەھەتتىن غەنىمەت بېرىشنى تاللىدى، چۈنكى بېخىللىق رەسۇلۇللاھنىڭ تەبىئىتى ئەمەس

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5807

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee